بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ


# ئىسلام ئاۋازى

40- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِنْ قَوْمٍ خِيَانَةً فَانْبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَى سَوَاءٍ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْخَائِنِينَ ۞ وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئەگەر سەن (مۇئاھەدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھەدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھەدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھەدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ [58]. (بەدر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ [95]» (سۈرە ئەنفال 58- ۋە 59- ئايەتلەر).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىسلام ئۆز ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش مەقسىتىدە ئەھدىلىشىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلارغا ئەھدىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ ۋە ئالدىمايدۇ، باشقىلارغا ئەھدىنى بىكار قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق يوقلۇقىنى ئېنىق جاكارلايدۇ. ئىسلام بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ئالىي دەرىجىلىك شەرەپ ۋە دۇرۇسلۇققا ھەمدە ئالىي دەرىجىلىك تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېلىپ چىقىدۇ چۈنكى ئىسلام بۇزۇلمىغان ئەھدىلەرگە ئىشىنىپ خاتىرجەم تۇرۇۋاتقانلارغا تۇيۇقسىز، خائىنلارچە ھۇجۇم پىلانلىمايدۇ. ئىسلام خاتىرجەم تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى <بىز ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز> دېگەن باھانە-سەۋەب بىلەن قورقۇتۇپ يۈرمەيدۇ ئەمما ئەھدىنى ئوچۇق تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇش ھىيلە-مىكىر بىلەن بولىدۇ چۈنكى ھەر بىر رەقىب قاتتىق ئېھتىيات قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ رەقىبنى ئالداش دۇرۇس بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ رەقىبكە خىيانەت قىلىنغان بولماستىن بەلكى ئۇ — غاپىل رەقىبتۇر. دەل شۇ چاغدا، پۈتۈن ئالداش ۋاستىلىرى دۇرۇس بولغان بولىدۇ چۈنكى بۇ ۋاستىلەر ئەھدىگە خىيانەت قىلغۇچى ۋاستە ئەمەس.

ھەقىقەتەن، ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ۋە ئېسىل بولۇشىنى خالايدۇ شۇڭا غەلىبە قىلىش مەقسىتىدە خىيانەت قىلىشنى دۇرۇس سانىمايدۇ. ئۇ — ئەڭ يۈكسەك غايە ۋە شەرەپلىك مەقسەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۇ — شەرەپلىك غايىنىڭ رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشىگە يول قويمايدۇ. ھەقىقەتەن، ئىسلام خىيانەتنى يامان كۆرىدۇ، ئەھدىنى بۇزىدىغان خائىنلارنى پەس كۆرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، غايە قانچىلىك شەرەپلىك بولۇپ كەتسۇن، ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ غايىگە يېتىش مەقسىتىدە ئەھدىگە خىيانەت قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ چۈنكى ئىنساني نەپس پارچىلىنىپ بىر گەۋدىدۇر. ئەگەر ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن رەزىل ۋاستىلەرنى ھالال سانىسا، ئۇنداقتا، بۈيۈك غايە-مەقسەتلەرنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. <غايە ۋاستىنى ئاقلايدۇ> دېگەن كىشى مۇسۇلمان ئەمەستۇر چۈنكى بۇ پرىنسىپ — ئىسلامىي تۇيغۇ ۋە ئىسلامىي سېزىمغا يات بولغان پرىنسىپتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان نەپسىنىڭ ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە غايە بىلەن ۋاستە بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى <بۇ ۋادىغا ھامان بىر كۈنى نىجىس ئاياغلار چوقۇم قەدەم باسىدۇ> دېگەن باھانە ئارقىلىق يېشىل ئوت-چۆپلۈك دەريا ۋادىسىنى تاشلاپ پاتقاق كۆلچىكىگە كىرىپ يۈرمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن الله تعالى خائىنلارنى ئۆچ كۆرىدۇ: <الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ>.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىنسانىيەت ئومۇميۈزلۈك مانا مۇشۇنداق يۈكسەك پەللىگە تەلپۈنمەيدىغان بىر ھالەتتە بۇ ئەھكاملار نازىل بولدى. ئورمان قانۇنى ھەقىقەتەن شۇ دەۋردىكى ئۇرۇشخۇمارلارنىڭ قانۇنى بولۇپ قالدى. يەنى، <قادىر بولالىغان چاغدا> دېگەن شەرتكە باغلانمايدىغان كۈچلۈكلەر قانۇنى ھۆكۈم سۈردى. يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئورمان قانۇنى شۇ دەۋردىن تارتىپ مىلادىيە 18- ئەسىرگە قەدەر ھۆكۈم سۈردى چۈنكى ياۋروپا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا پەقەت ئۆزى ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان مۇئامىلە جەريانىدا ئېرىشكەن خەۋەرلەرنىلا بىلىدۇ. ياۋروپا رېئاللىق دۇنياسىدىكى مانا بۇ يۈكسەكلىككە شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئېرىشەلمىدى. قانۇن تۈزۈشتىكى ئېستېتىك تەرەققىياتتىن كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولغان كىشىلەر ئىسلام بىلەن ھازىرقى زامان قانۇن-تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى رېئال ھەقىقەتنى بىلىشلىرى ۋاجىب.

مانا بۇ ھۈنەر-كەسىپ ۋە پاكىز ھاياتنىڭ باراۋىرىدە، الله مۇسۇلمانلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ شۇنداقلا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا كۇففارلارنىڭ ۋە كۇفرىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىقنى ئۆگىتىدۇ: <(بەدر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ>...

كاپىرلارنىڭ خىيانەتنى پىلانلىشى ئۇلارغا ھەرگىزمۇ قېچىپ كېتىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ چۈنكى الله تعالى مۇسۇلمانلارنى ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، خائىنلارنى ھەرگىزمۇ خائىنلىق قىلىشقا قويۇپ بەرمەيدۇ. كاپىرلار بولسا الله تىن ۋە الله نى ئۆزىگە ياردەمچى قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. پاكىز ۋاستىلەرنىڭ ئىگىلىرى رەزىل ۋاستىنىڭ ئىگىلىرىگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن غەم قىلمىسۇن چۈنكى ئۇلار الله نىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكەنلەر بولۇپ، ئۇلار يەر يۈزىدە الله نىڭ قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىدۇ، الله نىڭ ئىسمى بىلەن ھەرىكەت باشلايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى بەندىلەرگە قۇلچىلىق قىلىشتىن الله قا قۇلچىلىق قىلىشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ لېكىن ئىسلام غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ تاقىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەمەلىي تەييارلىقلارنى ۋاستە قىلىدۇ چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ قەدەملىرى خاتىرجەم دەسسەۋاتقان مۇستەھكەم زېمىنىنىڭ ئەمىنلىكىگە رىئايە قىلماي تۇرۇپ، بۇ گۇرۇھنىڭ كۆزلىرىنى ئەنە شۇ يۈكسەك دائىرىگە بۇرىمايدۇ. ئىسلام بۇ گۇرۇھقا مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ پىترىتى (يەنى يارىتىلىش تەبىئىتى) تونۇيالايدىغان ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق بۇ گۇرۇھنى كۈچەيتىدىغان ئەمەلىي سەۋەبلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

### يۇقىرىقى ئايەتلەردىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، قورقۇش ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تەبىئىي قورقۇش؛ يەنە بىرى، شەرئىي قورقۇش. تەبىئىي قورقۇش دېگىنىمىز — يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن قورقۇش، زالىملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇش ۋە ئەھدە تۈزۈشكەن قەۋمنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقۇش دېگەنلەرگە ئوخشاش قورقۇش بولۇپ، كىشى بۇ خىل قورقۇشنى ئىختىيارى تەرك ئېتەلمەيدۇ شۇڭا بۇ خىل قورقۇش شېرىك ۋە گۇناھ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

شەرئىي قورقۇش دېگىنىمىز — ئىنسان ئىختىيارى ھالدا تەرك ئېتەلەيدىغان قورقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، الله نىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئىمان كەلتۈرۈش، پەرزلەرنى ئىجرا قىلىش، شېرىكنى ۋە ھارامنى تەرك ئېتىش قاتارلىق پەرز بولغان قورقۇش شۇنداقلا الله نىڭ غەيرى قادىر بولالمايدىغان زىيانلاردىن قورقۇپ ئىمان كەلتۈرمەسلىك، ئىمان كەلتۈرۈشتىن تۆۋەن بولغان پەرزلەرنى تەرك ئېتىش، كۇفرى ۋە كۇفرىدىن تۆۋەن بولغان گۇناھلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ھارام بولغان قورقۇش قاتارلىقلار (مەسىلەن، بىر كىشى تاغۇت ھۆكۈمەت كۆرەلمەيدىغان ھالەتتە ئىمان كەلتۈرۈشكە قادىر تۇرۇغلۇق شۇ تاغۇت ھۆكۈمەتتىن قورقۇپ ئىمان كەلتۈرۈشنى تەرك ئەتكەن بولسا ياكى كۇفرى ئىشنى قىلغان بولسا ۋە ياكى قەبرىستانلىقتىكى ئەرۋاھلاردىن، ياكى جىن، ياكى پەرىشتىلەردىن غايىبانە قورققان بولسا، بۇ كىشى الله قا چوڭ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ ئەمما شۇ تاغۇت ھۆكۈمەتتىن قورقۇپ كۇفرىدىن تۆۋەن بولغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىشلىسە، ئۇنداقتا، ئۇ كىشى الله قا كىچىك شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. غايىبانە قورقۇش — الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان زەرەرنى جىن، ئەرۋاھ دېگەندەك غەيبىي مەخلۇقلاردىن ياكى تىرىك ئىنساندىن كېلىدۇ دەپ ئەنسىرەش ياكى قورقۇش غايىبانە قورقۇشتۇر. تىرىك ئىنساندىن قورقۇش شېرىك ھېسابلىنىدىغان ھالەت شۇكى، مەن بۇ ئىشنى قىلمىسام ياكى بۇ ئىشنى تەرك ئەتمىسەم پالانى ئۇستازىمنىڭ تەقسىراتىغا* ئۇچراپ كېتىمەن دەپ قورقۇشتۇر. تاغۇت ھۆكۈمەتلەرنىڭ شۇ مۇسۇلماننى تۇتۇۋېلىپ كۇفرىغا ياكى گۇناھقا مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت قورقۇنچ ھالەت غايىبانە قورقۇش ئەمەس بەلكى ئەمەلىي قورقۇشتۇر. مانا بۇ ھالەت — ئىكراھ دېيىلىدۇ. مانا بۇ خىل ھالەتتە ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلماننىڭ بەدىنىگە زىيانكەشلىك قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا كۇفرى ئىش ياكى كۇفرىدىن تۆۋەن گۇناھلارنى قىلىش رۇخسەتتۇر).

ئىككىنچى، كاپىرلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەندە ھوشيار بولۇشنىڭ لازىملىقى.

ئۈچىنچى، ئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقنى جاكارلىماي تۇرۇپ، ئەھدە تۈزۈشكەن كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىشنىڭ خىيانەت ۋە نامەردلىك بولىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، ئەھدىگە خىيانەت قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا قىلىشقان ئەھدىگە خىيانەت قىلىش — دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرى ئىش بولماستىن بەلكى كۇفرىدىن تۆۋەن بولغان گۇناھى كەبىرىدۇر.

ئىزاھات: * تەقسىرات — سوپىلار ئۆزىنىڭ شەيخىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇش سەۋەبىدىن «شەيخ ئەمدى بىزنى پالەچ قىلىپ قويۇش ياكى بىر گەپ بىلەنلا ۋە ياكى بىر ئاچچىقلاش بىلەنلا ئۆلتۈرىۋېتەلەيدۇ» دەيدىغان بىر خىل ئېتىقادتۇر.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى دېگىنىمىز — قىيامەت بولۇشقا ئىنتايىن يېقىن قالغاندا مەيدانغا كېلىدىغان كاتتا ئالامەت ۋە بۈيۈك ئىشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشلار ئادەتتىن تاشقىرى ھالەتتە يۈز بېرىدۇ. بىرىنچى ئالامەت يۈز بېرىشى بىلەنلا قالغان ئالامەتلەر خۇددى ئۈزۈلگەن يىپتىن مارجان تۆكۈلگەندەك ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مانا بۇ ئالامەتلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدى ھەمدە ئۇ ئالامەتلەرنى باشقا ئالامەتلەرگە تەئۋىل (يەنى يىراق مەنىگە ئېلىپ بېرىش) قىلمايدۇ. بۇ ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىمام مەھدىنىڭ چىقىشى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەھلى بەيتىدىن (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جەمەتىدىن بولغان ئەلى رضي الله عنه ۋە فاتىمە رضي الله عنها لارنىڭ نەسلىدىن، خۇسۇسەن، ئىمام ھەسەننىڭ پۇشتىدىن) تۇغۇلۇپ مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ مەشرىق (يەنى كۈن چىقىش) تەرەپتىن چىقىدۇ، ئاندىن كەئبىنىڭ قېشىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى پەيغەمبەر يولى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولۇپ، 7 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ جەبىر-زۇلۇمغا تولغان زېمىننى ئەدلى-ئادالەتكە پۈركەيدۇ ۋە كىشىلەرگە سان-ساناقسىز مال-مۈلۈك بېرىپ، ئۈممەتنى ئىلگىرى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان باياشاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. زېمىندا ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەر ئوخشايدۇ، ئاسمان يامغۇر بىلەن بەرىكەتلىك بولىدۇ.

ئىككىنچى، يالغانچى يەكچەشمە دەججالنىڭ كۈن چىقىش تەرەپتىكى خۇراساندىن 70 مىڭ يەھۇدىي بىلەن بىرگە چىقىشى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا «ك، ف، ر (يەنى كافىر)» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشى شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىسىدىكى كىشىلەرگە ئايان بولىدۇ، مەككە ۋە مەدىنىدىن باشقا ھەر قانداق بىر يۇرتقا كىرمەي قالمايدۇ. پەرىشتىلەر مەككە ۋە مەدىنىنى قوغداپ تۇرغانلىقتىن دەججال ئۇ يەرگە كىرىشكە پېتىنالمايدۇ. ئۇ زېمىندا 40 كۈن تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ 40 كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلغا ئوخشاش، يەنە بىر كۈنى بىر ئايغا ئوخشاش، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىگە ئوخشاش ۋە قالغان كۈنلىرى بىزنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىمىزگە ئوخشاش بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَة رضي الله عنهَ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ يَوْمَ خَيْبَرَ: «لَأُعْطِيَنَّ هَذِهِ الرَّايَةَ رَجُلًا يُحِبُّ اللهَ وَرَسُولَهُ، يَفْتَحُ اللهُ عَلَى يَدَيْهِ» قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّاب رضي الله عنه: «مَا أَحْبَبْتُ الْإِمَارَةَ إِلَّا يَوْمَئِذٍ، قَالَ فَتَسَاوَرْتُ لَهَا رَجَاءَ أَنْ أُدْعَى لَهَا، قَالَ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ ﷺ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِب، فَأَعْطَاهُ إِيَّاهَا، وَقَالَ: <امْشِ، وَلَا تَلْتَفِتْ، حَتَّى يَفْتَحَ اللهُ عَلَيْكَ> قَالَ فَسَارَ عَلِيٌّ شَيْئًا ثُمَّ وَقَفَ وَلَمْ يَلْتَفِتْ، فَصَرَخَ: <يَا رَسُولَ اللهِ عَلَى مَاذَا أُقَاتِلُ النَّاسَ؟> قَالَ: <قَاتِلْهُمْ حَتَّى يَشْهَدُوا أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، فَإِذَا فَعَلُوا ذَلِكَ فَقَدْ مَنَعُوا مِنْكَ دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ، إِلَّا بِحَقِّهَا وَحِسَابُهُمْ عَلَى اللهِ>» (رواه المسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر كۈنى مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ بايراقنى شۇنداق بىر كىشىگە تۇتقۇزىمەنكى، ئۇ كىشى الله نى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە الله ئۇ كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق (خەيبەرنى) فەتھە قىلىپ بېرىدۇ». ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەمىرلىكنى پەقەت شۇ كۈنىلا ئارزۇ قىلىپ قالدىم-دە، ئىسمىمنىڭ چاقىرىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئالدىغا چىقىپ تۇردۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه نى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بايراقنى بەردى-دە: <الله ساڭا فەتھە-نۇسرەت ئاتا قىلغانغا قەدەر ھېچنېمىگە بۇرۇلۇپ قالماستىن ئالدىڭغا قاراپ ماڭ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رضي الله عنه ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، جايىدا توختاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قويماستىن: <ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇ كىشىلەر بىلەن قايسى مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمەن؟> دەپ توۋلاپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ئۇلار الله تىن باشقا ھېچ مەئبۇد ھەق ئەمەس ۋە مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن. ئەگەر ئۇلار بۇنى قىلسا ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرىنى سەندىن ساقلاپ قالالايدۇ لېكىن قانلىرىغا ۋە ماللىرىغا كەلگەن ئىسلامنىڭ ھەققىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلسا ئۇلارنىڭ ھېسابى الله قا بولىدۇ (يەنى بىز زاھىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز ئەمما ئۇلارنىڭ مەخپىي، يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ۋە كۆڭلىدە يوشۇرغانلىرىنى سۈرۈشتە قىلماستىن الله قا قالدۇرىمىز)> دېدى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، كىشى كۆڭلىگە پۈككەن، كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان ئىشنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە «مەن چوقۇم پالانى ئىشنى قىلىمەن» دەپ «إن شَاء الله» دېگەن سۆزنى قوشمىسىمۇ دۇرۇس ئىكەنلىكى. كىشى بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ چاغدا إن شَاء الله دېيىشنىڭ ۋاجىبلىقى ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى شۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىبارەت كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلسا «إن شَاء الله» دېگەن سۆزنى قاتماستىن «چوقۇم پالانى ئىشنى قىلىمەن» دېيىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش — قۇرۇق دەۋا بىلەن ئەمەس بەلكى پەقەت بۇ ئىككىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىككىسى بۇيرۇغان بۇيرۇقلارنى بىجانىدىل ئورۇنلاش بىلەنلا بولىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خەيبەرنىڭ فەتھە قىلىنىش ھەققىدە بەرگەن خەۋىرىنىڭ راستلىقى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولىدىغان مۆجىزىلەردىن بىرىدۇر.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرۇغان ئىشقا ئالدىراشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

بەشىنچى، ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرنى ئەسكىري بىر ئىشقا بۇيرۇغاندا، شۇ بۇيرۇق ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىشقا قىستايدىغان بىرەر قەرىنە (يەنى قوشۇمچە دەلىل) بولمىسىلا ئۇنى تولغىماستىن ۋە ئىجتىھاد قىلماستىن ئۆز پېتى ئورۇنلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى. چۈنكى، ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ھېچنىمىگە بۇرۇلۇپ قالماستىن ئالدىڭغا قاراپ ماڭ» دېگەن سۆزىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەر ئىككىلا خىل مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ ئەمەل قىلغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوئال سورىغاندا بەدىنى بىلەن كەينىگە بۇرۇلماستىن بەلكى كەينىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قىلغان ھالەتتە ئۈنلۈك ئاۋازدا سوئال سورىغان. ئەگەر بىزچە بولغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ھېچنەرسىگە بۇرۇلماي ماڭ» دېگەن سۆزنى باشقىلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا قۇلاق سالماي ماڭ دېگەن يوشۇرۇن مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ، شۇ بويىچە قىلغان بولۇشىمىز ۋە ئۇ سۆزنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى (يەنى بەدىنىڭنى ھېچكىم تەرەپكە بۇرىماي ئالدىڭغا قاراپ ماڭ دېگەن مەنىسىنى) تەرك ئېتىپ ئالدىمىزنى رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە بۇرىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

ئالتىنچى، ئەسلىي كاپىر كەلىمە شاھادەت ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس لېكىن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى بىر قېتىم نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلىش ۋە ياكى مۇرتەدكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بىرەر ئىشنى سادىر قىلىش تېپىلغاندا ئاندىن ئۆلتۈرۈش دۇرۇس.

يەتتىنچى، ئىسلام بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ۋە نىيەتلىرىنى الله قا تاپشۇرىدۇ (يەنى الله ئۇ ئىشلاردىن ئۆزى ھېساب ئالىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار بولساق كىشىلەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ھېساب ئالىمىز، يەنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ياخشى بولسا ياخشى كىشى دەيمىز، يامان بولسا «مېنىڭ نىيىتىم ياخشى ئىدى» دېگىنىگە قارىماي يامان دەيمىز).

سەككىزىنچى، ئىسلامىي جەمئىيەتتە زاكاتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىگەنلەردىن ئەمىر-سۇلتانلار زاكاتنى مەجبۇرى تارتىپ ئالىدۇ.

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

رەسۇلۇللاھ ﷺ كەئبنىڭ قىلغان ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ئىدى لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي تۇتتى، ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ئىبنى ئەشرەف بىزگە ئەزىيەت يەتكۈزدى ۋە بىزگە قارشى مۇشرىكلارغا ياردەم بەردى. ئۇ بىزگە قارشى ئاداۋىتىنى ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈڭ خالىغان يول بىلەن ئۇنىڭغا كۇپايە قىلغىن».

كەئب پەيغەمبەر ﷺ نى داستىخانغا چاقىرىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بىر توپ يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىۋالدى، ئاندىن ئۇ تاماق ھازىرلاپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزى ساھابىلىرى بىلەن داستىخانغا ھازىر بولۇپ تۇرغاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەھۇدىيلارنىڭ پىلانلىغان يوشۇرۇن سۇيىقەستىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يوقۇتۇپ قويغانلىقتىن تارقاپ كېتىشتى. توقۇنۇش يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا ئۆتكەن چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە قاراپ: «كەئب ئىبنى ئەشرەفنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىم چىقىدۇ؟ چۈنكى ئۇ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئەزىيەت يەتكۈزدى» دەپ چاقىرىق قىلدى. بۇ چاقىرىقنى ئورۇنلاش ئۈچۈن دەرھال مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، ئەبباد ئىبنى بىشر، كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى ئەبۇ نائىلە، فارس ئىبنى ئەۋس ۋە ئەبۇ ئەبس ئىبنى جەبىر رضي الله عنهم قاتارلىق ساھابىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ گۇرۇپپىغا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه قوماندان ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «بەزىبىر سۆزلەرنى ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەيلى ئېيتىۋەرگىن» دېدى.

ھىجرىيە 3- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 14- كېچىسى كېچە ئايدىڭ ئىدى. بۇ گۇرۇپپا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئىجتىما (يەنى مەجلىس)دا ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ گۇرۇپپىنى بەقىئۇل غەرقەد دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئاندىن ئۇلارغا يوليورۇق بېرىپ: «الله نىڭ نامى بىلەن يۈرۈش قىلىڭلار. ئى الله! بۇلارغا ياردەم بەرگىن» دېگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ ناماز ئوقۇپ رەببىگە پىچىرلاپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. بۇ گۇرۇپپا كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ قورغىنىغا يېتىپ باردى-دە، ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه كەئبنى چاقىردى. كەئب ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشۈشكە تەمشەلگەنىدى، يېڭى توي قىلغان ئايالى ئۇنىڭغا: «بۇ ۋاقىت بولغاندا قەيەرگە چىقاي دەيسىز؟ گوياكى مەن قان تامچىلاۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى. كەئب ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇ دېگەن مېنىڭ قېرىندىشىم مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ۋە ئېمىلدىشىم ئەبۇ نائىلە، ئېسىل كىشى دېگەن خەنجەر سانجىلىشقا چاقىرغان تەقدىردىمۇ چىقىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن بېشىدىن خۇشپۇراق پۇراپ تۇرغان ھالەتتە ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئىككىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە مەلۇم ۋاقىت ئۆزئارا پىچىرلىشىپ شېئىر ئوقۇشتى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه ئۇنىڭغا: «ئى ئىبنى ئەشرەف، سەن نېمىدېگەن ئېسىل، مەن سېنىڭ يېنىڭغا بىر ھاجەت ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم» دېدى. ئارقىدىنلا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه كەئبكە: «بۇ ئادەم (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دېمەكچى) بىزدىن تولا سەدىقە سوراپ بىزنى چارچىتىۋەتتى» دېگەنىدى، كەئب ئۇنىڭغا: «الله بىلەن قەسەم، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭدىن زېرىكىسىلەر» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه: «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاپتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىنىڭ قايسى دەرىجىگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگۈچە ئايرىلىشنى خوپ كۆرمىدۇق» دېدى.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه كەئبدىن بىر بۆلۈك ئاشلىق ياكى خورما ئالىدىغانغا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قورالىنى كەئبنىڭ قېشىدا قويۇپ قويىدىغانغا دېيىشتى. ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه مۇ كەئب بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رضي الله عنه غا ئوخشاش كېلىشتى. ئۇ كەئبكە: «مېنىڭ بىر بۆلۈك ھەمراھلىرىم بار، ئۇلارمۇ مەن بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا. مەن ئۇلارنى سېنىڭ قېشىڭغا ئېلىپ كېلەي، سەن ئۇلارغا ئاشلىق سېتىپ ياخشىلىق قىلغىن» دېدى. كەئب بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بۇ جامائەتنىڭ ئىدىيە ۋە ئېتىقادلىرى:

بىرىنچى، مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش — بۇ جامائەتنىڭ ئىدىيە ۋە ئېتىقادلىرىدىكى ئاساسىي يىلتىزىدۇر.

1. ئۇلار چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن ۋە شۇ گۇناھتىن قايتماستىن ئۇنىڭدا داۋاملاشقان ھەر قانداق مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك، شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان ھەر قانداق ھاكىمنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلماستىن مۇتلەق ھالدا كاپىرغا چىقىرىدۇ (يەنى نەجاشىغا ئوخشاش ھەممە ئىشتا تولۇق ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قادىر بولالمىغان ھاكىملارنى ھەم كاپىرغا چىقىرىدۇ). شۇ ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدىكى زېمىندا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلقنىمۇ «بۇلارنىڭ مانا بۇ كاپىر ھاكىملارغا قارشى چىقماي جىم تۇرغانلىقى كۇفرىغا رازى بولغانلىق ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلىك» دەپ قاراقويۇق كاپىرغا چىقىرىدۇ، ئالىملىرىنى بولسا «مانا بۇ كاپىر ھاكىملارنى ۋە كاپىر خەلقنى كاپىرغا چىقارمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلارمۇ كاپىر» دەپ كاپىرغا چىقىرىشىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرى تەكلىگەن بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلغاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرىگە بەيئەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جامائىتىگە قېتىلمىغان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىدۇ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جامائىتىگە قېتىلىپ ئاندىن ئۇ جامائەتنى تەرك ئەتكەن كىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «مۇرتەد، قېنى ھالال» ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىسلامىي جامائەت ۋە تەشكىلاتلاردىن قايسى بىرىگە ئۇلارنىڭ دەۋىتى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمىرىگە بەيئەت قىلمىغان بولسا، بۇ جامائەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كاپىر ۋە دىندىن چىققۇچى ھېسابلىنىدۇ.

2. مەزھەب ئىماملىرىنىڭ پەتىۋالىرىنى ياكى ئالىملارنىڭ ئىجماسى (يەنى بىرلىككە كەلگەن پەتىۋاسى)نى تۇتقان ھەر قانداق كىشىنى (گەرچە ئۇ ئىجما ساھابىلەرنىڭ ئىجماسى بولغان تەقدىردىمۇ) كاپىرغا چىقىرىدۇ شۇنداقلا قىياس ياكى مەسلەھە مۇرسەلە (شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن پايدا-مەنپەئەتنى كۆزلەپ تۇرۇپ قانۇن چىقىرىش پرىنسىپى) ۋە ياكى ئىستىھسان (يەنى قىياس بىلەن ھارام بولغان نەرسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك فىقھى قائىدە سەۋەبلىك دۇرۇس قىلىش پرىنسىپى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قانۇن چىقىرىش پرىنسىپ ۋە مەنبەلىرىنى تۇتقان ھەر قانداق بىر كىشىنى كاپىرغا چىقىرىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئاتلىرىمىزغا كۆنۈپلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بىرقانچە كۈن ۋاقىت كەتتى. ئېگەرنى يۇمشاق ماتۇقلار بىلەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم، بولمىسا ئېگەر ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى ئازاب. گەرچە ئاتتا ئولتۇرۇش جاپالىقراق بولسىمۇ بىراق تاشلىق ۋە ئېگىز-پەس يەر شەكلىدە ئاتتىن ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4500 مېتىردىن ئېگىز بولغان رايونلاردا ئادەتتە قوتاز ئىشلىتىلىدۇ ئەمما قوتازنى مىنىش بەك قىيىن.

ۋاخان دەرياسىنىڭ تار يەرلىرى ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان پامىر دەرياسىدىنمۇ تار. كەڭ يەرلىرىنىڭ سۈيى بەك تېز ئاقىدۇ ۋە بەك لاي. دەريانىڭ بويلىرىدا قويۇق سۆگەت دەرەخلىرى، دېڭىز ئاق تىكىنى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. بۇ يەرلەردە ئولتۇراق رايونلار ناھايىتى ئاز ھەم بەك شالاڭ. دەھ گۇلامان (DehGulaman)، بابا تاڭگى (Baba Tan-gi) ۋە سۇستىبالا (Susti-i-Bala) قاتارلىقلار ۋاخان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئولتۇراق رايونلاردۇر. تاش تاملىق ھويلىلار ۋە سۇغۇرۇش ئېرىقلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا سۆگەت دەرەخلىرى تىكىپ قويۇلىدۇ. بۇ سۆگەتلەرنى يەرلىك كىشىلەر قۇرۇلۇش، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىش ۋە قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، غەربىي ۋاخاندىكى بۇ مەھەللىلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى مول. يېشىل گۈللۈك ماڭدارنىڭ ناھايىتى قويۇقلۇقىدىن ئەتراپ بەك قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە نەم ئوتلاقلاردا ئۆسىدىغان ئوت-چۆپلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن سۆسۈن رەڭلىك كەترەڭ، 200 مىللىمېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىنچىكە ئاقچېچەك قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

بابا تاڭگى قاتارلىق رايونلارنىڭ شەرقىگە ئوخشاش چەت رايونلاردا ئاندا-ساندا دەرەخزارلىقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخزارلىقلار ئاساسەن سۆگەت، ئاقتىكەن، ئازغان ۋە قېيىن قاتارلىق دەرەخلەردىن شەكىللەنگەن. قېيىن دەرىخىنىڭ پوستى سويۇۋېلىنىپ نېپىزلىتىلگەندىن كېيىن قىرغىزلار ئۇنى قەغەزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. پاكار ئۆسۈملۈكلەر بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن دەريا بويىدىكى ئۇششاق تاشلارغا تايىنىپ قايتا كۆكلىيەلەيدۇ بىراق دەريا ياقىسىدىكى يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغان دەرەخزارلىقلار بۇزۇلۇپ كېتىپ قالسىلا، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە ھەددىدىن زىيادە مال بېقىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىگە كېلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. سەرھەدنىڭ شەرقىي قاتارلىق جايلاردىكى تۆت چاسا شەكىللىك تېرىلغۇ يەرلەر بەك ئېگىز ۋە سوغۇق بولۇپ، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل دەرەخلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ۋاخان دەرياسى جىلغىسى سەرھەدقىچە سوزۇلىدۇ. سەرھەدنىڭ غەربىدە كىچىك بىر كۆلنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ناھايىتى كەڭ ئوتلاق بار. تولىمۇ ئەپسۇسكى، مال بېقىش بۇ يەردىكى بوتانىكىلىق ئالاھىدىلىكنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن. سەرھەد ۋاخان دەرياسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مۇقىم يېزا. بۇ يېزا ۋاخانلار ياشايدىغان زېمىنلار بىلەن قىرغىزلار كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان زېمىنلارنى ئايرىپ تۇرىدۇ. قىرغىزلار ۋە ۋاخانلار ياشايدىغان زېمىنلاردىكى بۇ خىل ئايرىلىش يەنە سەرھەدنىڭ شەرقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن داۋاملىق ئېگىزلەپ بېرىشى ۋە بۇ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سەرھەدنىڭ شەرقىدە ھەددىدىن زىيادە مال بېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئوتلاقلار چېكىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كارىدورنىڭ شەرق تەرىپى بوتانىكا نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ئەھمىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

سەرھەدنىڭ شەرقىدە، تاغ يولى ئېگىزرەك بولغان دەھلىز (Dahlez) ئۆتۈشمىسىدىن ئۆتۈپ، ۋاخان دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئۆتىشىدۇ. بۇ يولنىڭ ئېگىز-پەسلىكىدىن ھەتتا قىرغىزلارنىڭ ئېسىل ئاتلىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. گەرچە ئۆتۈشمىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يانتۇلۇقنىڭ تۆۋەنكى جايلىرىدا داۋاملىق چارۋا بېقىلسىمۇ بىراق ئۆتۈشمىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يانتۇلۇقنىڭ ئېگىز جايلىرىدا چارۋا بېقىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ ئوتلىقى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، بۇ يەر ۋاخاننىڭ بىز كۆرگەن ئوتلاقلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئوتلاق ھېسابلىناتتى. دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئېگىز بولغان ئورۇنلاردا ئۇششاق تاشلىقلار ۋە يانتۇلۇقلار كۆپ بولۇپ، بۇلار شالاڭ تارقالغان كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4150~3950 مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكلەردىكى ئوتلاقلاردا ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشلار بار. بۇ يەرلەردە بىر خىل سامساق بار بولۇپ، قىرغىزلار ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن يىغىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يانتۇلۇقلاردا نۇرغۇنلىغان دورىلىق ۋە خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەر بار.

سەل شەرقىرەك ماڭغاندىن كېيىن، بىز بىر جىلغىغا كەلدۇق. بۇ جىلغىدا يېقىندا تاغ گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولۇپ، يول ئاساسەن ئېتىلىپ قالغان ئىدى. ھەممىمىز يولنىڭ بۇ بۆلىكىدىن ئەنسىرەش ئىچىدە ئۆتتۇق. باخاراكنىڭ سەل شەرق تەرىپىدە ئىنتايىن قويۇق دەرەخزارلىق بار بولۇپ، بۇ دەرەخزارلىقتا سۆگەت، دېڭىز ئاق تىكىنى ۋە قىزىل سۆگەتلەر بار. بۇ يەردە باخاراك دەرياسى ۋاخان دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ ئەتراپتىكى دەريا ئېقىنلىرى تېز ئاقىدۇ، دەريادىن ئۆتىدىغان پەقەت بىرلا كۆۋرۈك بار، بۇ كۆۋرۈك باخاراك سايلىقىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئانچە بىخەتەر ئەمەس. شەرقىي ھىندىقۇش، غەربىي ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى قاتارلىق پامىر رايونلىرىدا سۆگەت ۋە ئاق تېرەكتىن ياسالغان بۇ خىلدىكى كۆۋرۈكلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

نەم شېغىللىق يەردە قارلىغاچئوت دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 400 مىللىمېتىر كېلىدۇ. قارلىغاچئوت دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تۈر ئېگىز ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئېگىزلىكلەردە بىر قانچە سانتىمېتىرلىق كىچىك ئېكولوگىيىلىك تۈرلەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بوتانىكا مۇتەخەسسىسلىرىدىن باشقىلار بۇ تۈرلەرنىڭ ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك تۈرلەر ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمايدۇ بىراق ئوتتۇراھال ئېگىزلىكلەردىمۇ بۇ تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۇچرايدۇ. بىر قۇرغاق يانتۇلۇقنىڭ يېنىدا بىز 500 مىللىمېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر خىل يېشىل گۈللۈك سۇتلۇك يۇرچاقنى بايقىدۇق. بۇ يۇرچاق يېڭى بايقالغان بىئولوگىيىلىك تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاستراگەلۇس دەپ ئىسىم قويۇلغان.

باخاراكنىڭ شەرقىدىكى لەڭگەر بىلەن بۇزۇيگۇمبەزنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3200 مېتىردىن 4000 مېتىرغىچە كېلىدۇ. شۇڭا بۇ رايونلاردا دەرەخ قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لەڭگەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوتلاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئوتلاقلار بىرقانچە گېكتار چوڭلۇقتا بولۇپ، دەريا بويلىرىغا جايلاشقان. بۇ ئوتلاقلار قوتاز ۋە ئاتلارنى ناھايىتى ياخشى يەم-خەشەك مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن ۋاخاندا ھايۋاناتلارنى ناھايىتى ئاز ساندا ئۇچراتتىم. لەڭگەردە مولۇنلارنىڭ ئادەمنىڭ يىغلىغىنىنى ئەسلىتىدىغان ئاۋازى تاغنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلايتتى. بۇ رايوندىكى ئەڭ مەشھۇر تۈر ئارقار بولۇپ، بۇ تۈر خەتەرگە ئۇچرىغان تۈر ھېسابلىنىدۇ. بىز زىيارىتىمىز جەريانىدا ئارقاردىن بىرنىمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق ئەمما بىز بىر قانچە يەردە بۇ ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزلىرىنىڭ چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئارقارلار قىرغىزلار تەرىپىدىن داۋاملىق ئوۋلىنىدۇ بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت قىرغىزلارنىڭلا ئوۋلىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى ھەق بىلەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنى غەربىي ۋاخان رايونىغا كېلىپ ئارقار ئوۋلىشىغا ئىجازەت بەرگەنلىكى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئارقارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئوۋلانغانلىقىدۇر.

ۋاغجىر جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بۇزۇيگۇمبەز شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتۈشمە بولغان ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر شەرقىي ۋاخان رايونىدىكى قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقى جايلاشقان ئورۇنلارنىڭ بىرىدۇر. كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان بۇ لاي تاملىق قۇرۇلۇش بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ناھايىتى ياخشى ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار ياسىلىش جەھەتتىن بىرسى بىرسىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلار 3 ~4 مېتىرلىق تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئاساسىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئاساسى قۇرۇلمىغا 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھالقىسىمان گۇمبەز ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان. بىر قىسىملىرىنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكى ياكى دېرىزىلىرى بار. بۇ ئاسارە-ئەتىقە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قېلىشى بۇ رايوننىڭ يامغۇر مىقدارىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ جىلغىنىڭ بۇزۇيگۇمبەزدىن باشلاپ كىچىك پامىرغىچە بولغان ئارىلىقى 4000 مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان. شىمال تەرىپىدە تاجىكىستان پامىرى، شەرق تەرەپتە شەرقىي تۈركىستاندىكى تاغدۇمباش پامىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تاغ يولى تەكشىلەنگەن بولۇپ، بىز تاقابىل تۇرىدىغان بىردىنبىر خەتەر مۇز ئارىلاش ۋە ئىنتايىن تېز ئاقىدىغان دەريا بۆلىكى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەم يەرلەر بەزىدە ئاتلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى بىراق بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز بۇ يوللارنى ناھايىتى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن بىزنى ھېچقانداق خېيىم-خەتەرسىز ئېلىپ ماڭدى.

كىچىك پامىردىكى بۇ جىلغىدا جىلغىنىڭ كىلىماتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى كۆل بار. غەرب تەرەپتىكى 22 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇنراق كۆل چاقماقتىن (Caqmaqtin) كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ كۆل ۋاخان دەرياسىغا ئېقىپ چىقىدۇ. شەرق تەرەپتىكى كۆل بىشۇتىك (Bishutik) كۆلى بولۇپ، كۆل سۈيى شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە ئېقىپ تاجىكىستانغا كىرىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئافغانىستان چېگراسىدىن 700 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ كۆللەرنىڭ دائىرىسى پەسىلدىن-پەسىلگە ۋە يىلدىن-يىلغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ بىراق كۆپ ياغقان قارلار ۋە ئەتراپتىكى مۇزلۇق تاغلاردىكى مۇزلار ئېرىگەن قىسقىغىنە ياز پەسلىدە كۆللەرنىڭ سۇ ئورنى يۇقىرىلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆللەرنىڭ قىرغاقلىرى ئىنتايىن نەم بولۇپ، بۇ ھالەت بىزنىڭ بۇ جىلغىدا ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى ئەمما بۇ يەرلەردە مېڭىش ئەتراپىنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلاپ كەتكەن قىش ئايلىرىدا ئاسانغا توختايدۇ. بۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەر يىراق غەربىي رايونلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئاساسەن ئوخشايدۇ لېكىن 20 مىللىمېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىدى. كېيىن بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ Koenigia islandica دېگەن ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۇق. بۇ ئۆسۈملۈك ئافغانىستان ئۆسۈملۈك تۈرىگە نىسبەتەن يېڭى ئۆسۈملۈك تۈرى بولۇپ، تارقىلىش ئورنى شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرى ئىدى.

بىراق، بۇ رايونلاردا قوتاز قاتارلىق ھايۋانلار ھەددىدىن زىيادە ئوتلايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ رايونلاردىكى ئۆسۈملۈكلەر تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى غەربىي رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. قىرغىزلار كىچىك پامىردا يازلىق تۇرالغۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ھەر بىر تۇرالغۇ 8 ياكى 9 دانە دىئامېتىرى 7~8 مېتىرغىچە بولغان يۇمىلاق ئۆگزىلىك ئاقئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ يېقىلغۇلىرى قوتازنىڭ چىقىرىندى ماددىلىرى بولۇپ، ئۇلار كۆيگەندە ناھايىتى يېقىشلىق پۇراق چىقىرىدۇ. قىش يېقىنلاشقاندا قىرغىزلار تۆۋەن تەرەپلەرگە ياكى تاجىكىستان چېگراسىدىكى جەنۇبقا يۈزلەنگەن يانتۇلۇقلارغا ۋە ياكى ۋاغجىرنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ رەھبىرى راھمانقول بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى ھاجى مارىيەنىنىڭ تۇرالغۇسى بىشۇتىك كۆلىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ تۇرالغۇلار كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن.

قىرغىزلار كۆپ مىقداردا قوتاز، قوي قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدىغان بولۇپ، بۇ ھايۋانلار ئۇلارنىڭ سۈت، قېتىق، قايماق ۋە گۆش قاتارلىق ئەڭ ئاساسلىق كۈندىلىك يېمەكلىكلىرىنى تەمىنلەپ بېرىدۇ. سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلانغانغا قەدەر ئۇلار لازىمەتلىكلىرىنى بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان فەيزاباداتىن ئېلىپ كېلەتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ 2006- يىلى 6000 نەپەر ئەسكەر بىلەن سومالىغا كىرگەن ئۇگاندا تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئۇرۇش جەريانىدا مۇجاھىدلار تەرىپىدىن نۇرغۇنلىغان تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان. مۇجاھىدلارنىڭ خەۋرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەي 12- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن باشلاپ شەرمەندىلەرچە سومالىدىن چېكىنىشكە باشلىغان.

■ 12- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى ئىمام ساھىب رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيە ئەسكەرلىرى مۇجاھىدلارنىڭ مەركىزىگە قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى ئاندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى شەرمەندىلەرچە ئارقىغا چېكىنگەن. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىدلار 4 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 21 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 10- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى هاما ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان شاكۇسىيە يېزىسىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ شەيتان قوشۇنلىرىنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن ۋە 8 نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 10- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى هاما ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان تەللە سىرياتىلدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ تاغۇت ئەسكەرلىرىنىڭ هەممىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى هاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان زافىرىيە يېزىسىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى، ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ تاغۇت ئەسكەرلىرىدىن 9 نى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بايبكول ۋىلايىتىنىڭ هەدەر بىلەن ئەيلبەردى شەهرى ئەتراپىدا كېتىپ بارغان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ قوشۇنىغا قارىتا هۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 12- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ هاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان شاكۇسىيە يېزىسىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ T-72 تىپلىق تانكىسىدىن بىرنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 12- ئاينىڭ 12- كۈنى بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ هېلمەند ۋىلايىتىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىري مەركىزىگە قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 21 نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 6 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 14- كۈنى كەچتە مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ هەلەب شەهرىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ 14 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 15- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ هاما ۋىلايىتىگە جايلاشقان تەللەباتىل نۇقتىسىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر تانكىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئەسكىري مەسئۇلنى قەنناس بىلەن ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان بەلۇش رايونىنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 17- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ هاما ۋىلايىتىدىكى بەششار ئەسەدنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا قارشى هۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە زالاقىيەت ۋە زىلىن يېزىلىرىنى فەتىھ قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا 2 دانە T-72 تىپلىق تانكا، 2 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى Bmp، 1 دانە فوزىلكا، 1 دانە 130 تىپلىق زەمبىرەك، 6 دانە كىچىك تىپتىكى ماشىنا ۋە نۇرغۇنلىغان قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 11- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 18- كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇجاھىدلار 592 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 9 نى ئۆلتۈرگەن ۋە 4 نى يارىلاندۇرغان؛ مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 1167 نى ئۆلتۈرۈپ، 664 نى يارىلاندۇرغان؛ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 1 دانە جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن؛ 210 دانە ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 18- كۈنى ئافغانىستاننىڭ هېلمەند ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى بولغان لەشكەرگاهتا بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 6 دىن ئارتۇق ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلغان ۋە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 36 نى ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 18- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۇرىيىنىڭ دەمەشىق ۋىلايىتىنىڭ غەربىي غۇتا رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن مۇجاھىدلار 20 دىن ئارتۇق بەششار ئەسەد ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 20- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۇرىيىنىڭ هەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قانچە يېزىلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن مۇجاھىدلار بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 10 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ۋە ئۇندىن باشقا، بىر نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 8 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان.

■ 12- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بوساسو شەهرىنىڭ ئەتراپىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە پوتلەنت ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستىخبارات مەسئۇلى بىلەن قوماندانىنى 5 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەهەننەمگە ئۇزاتقان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
| --- | --- | --- | --- |
| اَبْيَضُ | ئاق | أُحِبُّ اللَّوْنَ الأَبْيَضَ | مەن ئاق رەڭنى ياخشى كۆرىمەن |
| اَسْوَدُ | قارا | قَدْ لَبِسَ الثَّوْبَ الْأَسْوَدَ | ئۇ بۈگۈن قارا كىيىم كىيىۋاپتۇ |
| اَحْمَرُ | قىزىل | مَرَرْنَا الْبَحْرَ الْأَحْمَرَ بَالسَّفِيْنَةِ | بىز كېمە بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتتۇق |
| اَصْفَرُ | سېرىق | شَعْرُهُ أَصْفَرُ | ئۇنىڭ چېچى سېرىق |
| اَخْضَرُ | يېشىل | إِشْتَرَى كِتَابًا لَوْنُ غِلَافِهِ اَخْضَرُ | ئۇ يېشىل تاشلىق بىر كىتاب سېتىۋالدى |
| اَزْرَقُ | كۆك | رَفَعُوا عَلَمًا لَوْنُهُ أَزْرَقُ | ئۇلار كۆك رەڭلىك بىر بايراق كۆتۈرۈۋېلىشتى |
| اَرْقَطُ | تاغىل | رَأَيْتُ حِمَارًا أَرْقَطَ | مەن بىر تاغىل ئېشەكنى كۆردۈم |
| اَجْوَفُ | كاۋاك | إِنَّ هَذَا الْخَشَبَ أَجْوَفُ | بۇ ياغاچنىڭ ئىچى كاۋاك ئىكەن |
| مَدَحَ | ماختىدى | مَدَحَ الْجُمْهُورُ مَا صَنَعَ | كۆپچىلىك ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى ماختىدى |
| مَا مَدَحَ | ماختىمىدى | مَا مَدَحَ أَبِي فِعْلِي | دادام مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى ماختىمىدى |
| مُدِحَ | ماختالدى | مُدِحَ إِبْنُهُ | ئۇنىڭ ئوغلى ماختالدى |
| مَا مُدِحَ | ماختالمىدى | مَا مُدِحَ وَلَدُهُ | ئۇنىڭ بالىسى ماختالمىدى |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## ئاپېلسىننىڭ شىپالىق رولى

ئاپېلسىن ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئاساسلىقى خىلىتىسىز قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتنى تەڭشەش، هەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، كۆڭۈلنى خوش قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش، غەيرى سەپرا خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلىتىنى تەڭشەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ ــ مېگە ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، ۋابا، يۇقۇملۇق ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاپېلسىننى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە تېرىنىڭ نەمخۇشلۇقىنى ساقلايدۇ، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، تارقىلىشچان زۇكام، سوغۇق تېگىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يېقىن يولاتمايدۇ (إن شَاء الله). ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاپېلسىننىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، سۈيىگە شېكەر قوشۇپ ئىچسە، غەيرىي تەبئىي قان ۋە سەپرا خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، قىل قان تومۇرلارنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى كۈچەيتىدۇ، قاندىكى ياغ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئۇ ــ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق (إن شَاء الله).

2. ئاپېلسىن پوستىنى ئېزىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ (إن شَاء الله).

3. ئاپېلسىن پوستىنى سىركىدە ئېزىپ باشقا سۈركىسە، باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ (إن شَاء الله).

ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرى: جىگەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: قەنت، تۇز ۋە قارىمۇچتۇر.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق هەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىه دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. كۈندۈزى گۆش يەيدۇ، كېچىسى هاۋا يەيدۇ. بۇ نېمە؟

2. ئۆزى بىر، كۆزى مىڭ. بۇ نېمە؟

3. تۆت بۇلۇڭدا بىردىن تۆت مۈشۈك، هەر بىرىنىڭ ئالدىدا ئۈچتىن مۈشۈك. جەمئىي قانچە مۈشۈك؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. قۇرئاندا بىهۇدە سۆز ۋە بىهۇدە ئىشلار تىلغا ئېلىنمىغان.

2. قىزىل لازا.

3. بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى بىر نەچچە خىل بولۇپ، شۇلاردىن بىرى: 100 قۇشقاچ، 3 كەپتەر، 80 توخۇ كېلىدۇ.